

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى

تۇغقىنىم كەلدى، قەلبىم تېخىمۇ ئىللىپ كەتتى

بەختلىك بىر ئائىلە كىشىلىرى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل غوپۇر**

«يۈسۈپ، ئۆيىڭىزنى پاكىز يىغىشتۇرۇۋاپسىز، مەشكە ئوتنى تازا قالاپسىز، يول بويى پويىزدا ئولتۇرغاندىكى ھاردۇقۇم بىراقلا چىقىپ كەتتى» 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى بەختىيولى پېشقەدەم كادىرلار ساناتورىيەسىنىڭ خىزمەتچىسى گو خۇيجيې ئۈچتۇرپان ناھىيەسى ئالغا بازىرى تېتىر كەنتىدىكى قوشماقلاشقان تۇغقىنى يۈسۈپ ئەركىننىڭ ئۆيىگە كېلىپلا، شۇ ھامان ئىللىق مېھىر ـ مۇھەببەتنى ھېس قىلدى.

«تۇغقىنىم كەلدى، قەلبىم تېخىمۇ ئىللىپ كەتتى» دېدى يۈسۈپ خۇشال ھالدا. بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بولۇپ، قىزىق چاي ئىچىشىپ، مەززىلىك تائاملارنى يېيىشىپ، سىردىشىپ پاراڭلاشتى.

«ئاكا، ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس ئىدى، ھېلىمۇ ياخشى سىز ھالىمدىن خەۋەر ئالدىڭىز، ھازىر سالامەتلىكىم ئەسلىگە كەلدى. مەنمۇ غەيرەتكە كەلدىم، بۇ يىل كۆممەقوناقنى ياخشى تېرىيمەن، كالا ـ قويلارنى ياخشى باقىمەن، ياخشى ئىشلىسەملا، بۇ بىر يىلدا 70 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلىشىمدا گەپ يوق» دېدى يۈسۈپ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

«ھالاۋەت يولىدا جاپا تارتىپ، كۈچەپ ئىشلىگەندىلا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق» دېدى گو خۇيجيې كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئىككىيلەن تاماق يەپ بولۇپ، بىرلىكتە ئارقا ھويلىغا بېرىپ كالا ـ قوي قوتىنىنى رەتلىدى، يەنە ھويلىنىڭ بۇلۇڭىغا دۆۋىلەپ قويۇلغان نەرسىلەرنى رەتلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۆينىڭ ئالدى ـ كەينى پاكىز، رەتلىك بولۇپ كەتتى. يۈسۈپنىڭ ئەستايىدىل ئىشلەۋاتقان ھالىتىنى كۆرۈپ گو خۇيجيې خۇشال بولۇپ كۈلۈمسىرىدى.

ئىككى يىل ئىلگىرى، 26 ياشلىق يۈسۈپنىڭ تۇيۇقسىز كۆزى ئاغرىپ، ئىككى كۆزىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى غۇۋالىشىپ، شۇ جايدىكى دوختۇرخانا تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كۆز تېگى سېرىق داغ كېسەللىك ئۆزگىرىشى دەپ دىياگنوز قويدى. لېكىن داۋالاش شارائىتى چەكلىك بولغاچقا، شۇ جايدىكى دوختۇرخانىدا تۈپتىن داۋالاپ ساقايتىش ئىمكانىيىتى بولمىغانىدى.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، گو خۇيجيې تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئۈرۈمچىدىكى چوڭ دوختۇرخانا بىلەن ئالاقىلىشىپ، يۈسۈپ ئائىلىسىدىكىلەرنى كېلىپ كېسەل داۋالىتىشقا دەۋەت قىلدى. يۈسۈپ ئەر ـ خوتۇن ئۈرۈمچىگە كەلگەن كۈنى، گو خۇيجيې پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالدى ھەم ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇردى. يۈسۈپ ئەر ـ خوتۇننىڭ خاتىرجەم تۇرۇشى ئۈچۈن، گو خۇيجيې خوتۇنى ۋە قىزى بىلەن ۋاقىتنچە قېيىنئانىسىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ باردى. تەييارلاپ قويۇلغان يېڭى تاماق بۇيۇملىرى، يوتقان ـ كۆرپە، يىغىشتۇرۇپ قويۇلغان ئۆيلەرنى كۆرۈپ يۈسۈپنىڭ كۆزلىرى نەملەشتى.

داۋالىنىۋاتقان مەزگىلدە، گو خۇيجيې ھەمىشە يۈسۈپنىڭ يېنىدا ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ، ئۇنى غەمدىن خالاس قىلدى. داۋالاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار بىرلىكتە خۇڭشەن تېغىغا چىقتى، مەيدانىنى ئايلاندى، BRTغا ئولتۇردى، ئۈرۈمچى يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول يېڭى ۋوگزالىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى... يۈسۈپ بارغانلىكى يېرىدە سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرۇپ، ھەربىر بەختلىك مىنۇتلارنى خاتىرىلىدى.

«مەن كەنتكە قايتقاندىن كېيىن كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمنى باللارغا ۋە يۇرتداشلارغا سۆزلەپ بېرىمەن، يەنە كۆپچىلىككە مەن ۋە گو خۇيجيېنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولغانلىقدەك ئىشلارنى تەشۋىق قىلىمەن» دېدى يۈسۈپ.

يۈسۈپنىڭ سالامەتلىكى ئۈزۈل ـ كېسىل ئەسلىگە كېلىپ كەنتكە قايتماقچى بولغاندا، گو خۇيجيې ئۇنىڭغا بىر ئەقلىي ئىقتىدارلىق يان تېلېفون سوۋغا قىلدى. «ھازىر كىچىككىنە بىر يان تېلېفون ئارقىلىق سىز دۇنيا بىلەن باغلىنالايسىز، ئائىلىڭىزدىكى كالا ـ قويلارنى ياخشى باقسىڭىز، يان تېلېفون ئارقىلىقلا ساتقىلى بولىدۇ، ئۆيدە ئولتۇرۇپلا زاكاز قوبۇل قىلغىلى بولىدۇ» دېدى گو خۇيجيې چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ.

بۇ كۈنكى كۈندە، يۈسۈپ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى، يەنە دائىم بىر قىسىم قىسقا سىن ئىشلەپ دوستلار چەمبىرىكىگە يوللايدۇ، ئائىلىسىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى خاتىرىلەيدۇ، شۇنداقلا ئاكا ـ ئىنى ئىككىسىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش ھېكايىسىدىن دائىم ئۈندىدار دوستلار چەمبىرىكىدە بەھىرلىنىدۇ.

«ئاكامنىڭ ئائىلەمىزگە قىلغان ياردىمىنى ئېسىمدە چىڭ ساقلايمەن، مەن بۇ قېرىنداشلىق مېھىر ـ مۇھەببەتنى تارقىتىمەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۇرۇقىنى چاچىمەن» دېدى يۈسۈپ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دۆلەت ۋە شىنجاڭ ئوتتۇرىغا قويغان بىر قاتار قوللاش سىياسەتلىرىدىن ياخشى، تولۇق، جانلىق پايدىلانغاندا، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئۈنۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بازارنىڭ سەزگۈرلۈك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، بازار ئېھتىياجىنى دەل جايىدا ئۇدۇللاشتۇرۇپ، كەسىپ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ئىگىلەپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى زورايتىپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشقا پائال تۈرتكە بولۇپ، تىرىشىپ سەرخىللاشتۇرۇش، كۆچەيتىش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە تەرەققىيات شەكلىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، ئېشىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۆزگەرتىپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ماس قەدەمدە ئالغا سىلجىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ھۆكۈمەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىستىلنى ياخشىلاپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تۆۋەنگە چۆكۈپ، «دەل جايىدا بولۇش»تا كەشتە تىكىش ماھارىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، «مۇلازىمەت»كە يېتەرلىك كۈچ سەرپ قىلىپ، «توسۇق نۇقتا»نى تېزدىن ئېچىپ، «ئۈزۈلۈش نۇقتا»سىنى تولۇقلاپ، كارخانىلار دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىلىلەرنى نىشانلىق ھەل قىلىش كېرەك. يەنە تۈر قۇرۇلۇشىدىكى «مۇھىم تۇتقا»نى چىڭ تۇتۇپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى تۇتقا قىلىپ، مۇھىم، زور تۈر ئامىللىرىغا كاپالەتلىك قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، تۈرنىڭ بالدۇر پۈتۈشى، بالدۇر ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى، بالدۇر ئۈنۈم بېرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

بارلىق مەۋجۇداتلار جۇش ئۇرۇپ جانلىنىدىغان بۇ پەسىلدە، «مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي گۈزەل دەۋرنى قەدىرلەش» ئەڭ گۈزەل جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش ھالىتى ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرى ـ تۆۋەندىكىلەر بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، زىچ ئۇيۇشۇپ، باھار نۇرىنى قەدىرلەپ تىرىشىپ ئەجىر قىلغاندىلا، چوقۇم ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى ھەرقانداق خەۋپ ـ خەتەر، خىرىس ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىيالايمىز.

(«سۆز ھەممىگە» ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى: xjrbplb@126.com)

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

زەھەر چەكلەش قەھرىمانى ۋۇ گۇاڭلىن: خەتەرنى كۆرگەندە ئاتلىنىش، پايدىنى كۆرگەندە ئۆتۈنۈپ بېرىش

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كۇنمىڭ تېلېگراممىسى (مۇخبىر ۋاڭ يەن) زەھەر ئەتكەسچىسىنىڭ ئوقىدا يىقىلغاندا، ئۇ ئاران 35 ياشتا ئىدى. ئادەتتە، ئۇ خىزمەتتە «خەتەرنى كۆرگەندە ئاتلىنىدىغان، پايدىنى كۆرگەندە ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان» ئادەم ئىدى. زەھەر ئەتكەسچىلىرىدىن ئىنتايىن نەپرەتلىنەتتى، پۇقرالارغا مۇھەببىتى چوڭقۇر ئىدى. ۋۇ گۇاڭلىن ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى ئارقىلىق بىر زەھەر چەكلەش ساقچىسىنىڭ ساداقىتى ۋە پىداكارلىقىنى پۈتۈپ چىقتى.

ۋۇ گۇاڭلىننىڭ سۈرىتى. ☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

ۋۇ گۇاڭلىن يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ لىنساڭ شەھىرى فېڭچىڭ ناھىيەسىدىن، خەنزۇ، مەخسۇس كۇرس مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە. 1992 ـ يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، 2004 ـ يىلى 2 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، ئىلگىرى فېڭچىڭ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى زەھەر چەكلەش چوڭ ئەترىتى رازۋېدكا ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى، مۇئاۋىن چوڭ ئەترەت باشلىقى بولغان.

لىنساڭ شەھىرى فېڭچىڭ ناھىيەسى دۇنيانىڭ زەھەر مەنبەسى بولغان «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» بىلەن چېگرىداش بولۇپ، زەھەرنىڭ چېگرادىن كىرىشتىكى مۇھىم يوللىرىنىڭ بىرى. ۋۇ گۇاڭلىن ئىزچىل بىر زەھەر چەكلەش ساقچىسى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئوقۇش پۈتكۈزگەندە ئۇ ئەسلىدە ناھىيەلىك مالىيە ئىدارىسىگە كىرىپ خىزمەت قىلغان. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، ناھىيەدە يېڭىدىن زەھەر چەكلەش چوڭ ئەترىتى قۇرۇلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۇ كەسكىنلىك بىلەن باشقىلار ھەۋەس قىلىدىغان «ئالتۇن تاۋاق»تىن ۋاز كېچىپ، تىزىملىتىپ ساقچى بولغان.

12 يىل ئىچىدە، ۋۇ گۇاڭلىن باشتىن ـ ئاخىر زەھەر چەكلەش خىزمىتىنىڭ بىرىنچى سېپىدە كۈرەش قىلغان. جىددىي، قىيىن، خەتەرلىك، ئېغىر ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەندە، ئۇ قەتئىيلىك بىلەن ئاتاكىدا ئالدىدا تۇرغان. ئىلگىرى ئۇ زەھەر ئەتكەسچىسى سەپدىشىنى سۆرەپ دەرياغا سەكرىمەكچى بولغان پەيتتە، سەپدىشىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇۋالغان؛ زەھەر ئەتكەسچىسى سەپدىشىنىڭ بېشىغا تاپانچىنى تەڭلەپ تۇرغان پەيتتە، سەكرەپ چىقىپ زەھەر ئەتكەسچىسىنى بويسۇندۇرغان؛ ئۆزى يالغۇز زەھەر ئەتكەسچىلىك گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىغا سۇقۇنۇپ كىرىپ، زور مىقداردىكى زەھەرنى قولغا چۈشۈرگەن. مۇشۇنداق قەيسەر ۋۇ گۇاڭلىننىڭ يەنە مۇلايىم تەرىپىمۇ بار: يېزا ـ كەنتلەردىكى مەكتەپلەرنىڭ دەرس ئۇستەللىرى ئوغرىلانغاندا، ئۇ ئۇن نەچچە چاقىرىم تاغ يولىدا قوغلاپ ئۇستەللەرنى قايتۇرۇپ كەلگەن؛ زەھەر ئەتكەسچىسى تۇتۇلغان چاغدا، زەھەر ئەتكەسچىسىنىڭ ئاغرىپ قالغان خوتۇننى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ داۋالاتقان؛ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىنى كۆرگەندە، ئۇ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيجە تىكىپ پىلە بېقىشنى ئۆگىنىشىگە ئىقتىسادىي ياردەم بەرگەن...

12 يىل ئىچىدە، ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم خىزمەت ئالماشتۇرۇش توغرىسىدا نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تاللىشى باشتىن ـ ئاخىر ئۆزگەرمىگەن. ئۇنىڭ ئۇزاق مۇددەت زەھەر چەكلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، رەھبەرلىك ئۇنىڭ ئىش ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ بەرمەكچى بولغاندا، ئۇ ئېنىق رەت قىلغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «زەھەر چەكلەش خىزمىتى خەتەرلىك، مەن بۇنى بىلىمەن، لېكىن ھەرقانچە خەتەرلىك بولسىمۇ، يەنىلا قىلىدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك».

2004 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، زەھەر چەكلەش چوڭ ئەترىتى زەھەر ئېلىپ يۈرگەن ئىككى گۇمانلىق كىشىنىڭ شياۋۋېن بازىرى چاجاڭ كېچىكىدىن ئۆتىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان. ۋۇ گۇاڭلىن ئىككى خەلق ساقچىسى بىلەن توسۇپ تەكشۈرۈپ تۇتۇشقا بارغان. كەچقۇرۇن سائەت 6دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە پىستىرما قويۇش نۇقتىسىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇلار ئىككى سائەتكە يېقىن يوشۇرۇنۇپ ساقلىغان بولسىمۇ، گۇمانلىق كىشىلەر يەنىلا پەيدا بولمىغان. كەچ سائەت 8دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۇلار ئىككى قارا كۆلەڭگىنىڭ پىستىرما نۇقتىسىغا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىغان. بۇ يولنىڭ شۇ جايدىكى ئاساسلىق يول ئىكەنلىكى، ئۆتىدىغان ئاممىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىككىيلەننىڭ سالاھىيىتىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، ۋۇ گۇاڭلىن ۋە سەپداشلىرى ئۇلار بىلەن ئۇدۇل ئۇچرىشىشنى تاللىغان. ئۇچرىشىلەن قورشاپ چىقىپ قارشى تەرەپنىڭ يولىنى توسۇۋالغاندىن كېيىن، ۋۇ گۇاڭلىن: «بىز جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن، تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلىڭلار!» دەپ ۋارقىرىغان. گېپى ئاياغلاشماي تۇرۇپلا، قارشى تەرەپ تۇيۇقسىز ئۇنىڭغا ئوق چىقارغان، ۋۇ گۇاڭلىن يەرگە يىقىلغان. سەپداشلىرى دەرھال قايتۇرما زەربە بەرگەن... بىرمەھەل كەسكىن ئېتىشىشتىن كېيىن، بىر زەھەر ئەتكەسچىسى يارىلىنىپ زەھەرنى تاشلاپ قاچقان، يەنە بىر زەھەر ئەتكەسچىسى تاغ ئورمىنىغا كىرىپ مۆكۈۋالغان. سەپداشلىرى ۋۇ گۇاڭلىننى تېزدىن يۆلىگەن، ئەمما ئۇ چاغدا ھەرقانچە توۋلىسىمۇ ئۇ ھوشىغا كەلمىگەن: ۋۇ گۇاڭلىن بېشىغا ئوق تېگىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

ئەتراپتىكى ئامما ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئارقا ـ ئارقىدىن تاياق ـ توقماق، ئوتنغۇچلارنى كۆتۈرۈپ ياردەمگە كەلگەن. ئۇلار خەلق ساقچىلىرىغا ماسلىشىپ يارىلانغان زەھەر ئەتكەسچىسىنى مۇھاسىرىگە ئالغان. ئەتىسى سەھەردە ياردەمگە كەلگەن جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرى ۋە قورالللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى ئاختۇرۇپ، بۇ زەھەر ئەتكەسچىسىنى تۇتۇپ، نەق مەيداندا بىر تاپانچا، بىر گرانات، بىرنەچچە پاي ئوق ۋە 4385 گرام خىروئىننى قولغا چۈشۈرگەن. 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ساقچى تەرەپ قېچىپ كەتكەن يەنە بىر زەھەر ئەتكەسچىسىنى قورشاپ تۇتۇش جەريانىدا ئۇنى نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، بىر تاپانچا، بىر خەنجەر، بىر نەچچە پاي ئوق ۋە 4650 گرام خىروئىننى قولغا چۈشۈرگەن. ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ روھى تەسەللى تاپقان!

ۋۇ گۇاڭلىن قۇربان بولۇشتىن ئىلگىرى ئېرىشكەن شان ـ شەرەپ كۆپ ئەمەس ئىدى، چۈنكى ھەر قېتىم خىزمەت كۆرسىتىپ مۇكاپاتلىنىدىغان چاغدا، ئۇ ھەمىشە باشقىلارغا ئۆتۈنەتتى: ئۆزۈم ئەترەت رەھبىرى، زەھەر ئەتكەسچىلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئېتىشمىدىم، كاماندىروپكىغا چىققاندا جەدۋەل تولدۇرۇشقا ۋاقتىم چىقمايدۇ، دېگەندەك ھەر خىل باھانىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋالاتتى... 2004 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، ۋۇ گۇاڭلىنغا يۈننەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «زەھەر چەكلەش قەھرىمانى» دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلدى ھەم «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ تەستىقلاندى، كېيىن جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى، دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلدى.

قەھرىمان ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە روھىغا ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىنىدى... ۋۇ گۇاڭلىن ھايات ۋاقتىدا تۇرۇشلۇق فېڭچىڭ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى زەھەر چەكلەش چوڭ ئەترىتى يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيانلا، زەھەر دېلولىرىدىن 380نى پاش قىلدى، 560 جىنايەت گۇماندارىنى تۇتتى، 2700 كىلوگرامدىن ئارتۇق زەھەرنى قولغا چۈشۈردى. مۇشكۇل بولغان زەھەر چەكلەش خىزمىتى ئالدىدا، خەلق ساقچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق خەلق ساقچىلىرىنىڭ دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان سادىق ئېتىقادىنى شەرھلىدى. بۇ كوللېكتىپ 2014 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، 2016 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئىلگىرى ـ كېيىن ئىككى قېتىم جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن شەرەپ بىلەن كوللېكتىپ 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ خاتىرىلەندى، 2018 ـ يىلى 12 ـ ئايدا يۈننەن ئۆلكىسى بويىچە «خەلق رازى بولغان مەمۇرلار كوللېكتىپى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئۇلار قەھرىماننىڭ ئىزىنى بويلاپ، زەھەر چەكلەش كۈرەش سېپىدە داۋاملىق زەھەرلىك ئۆسمىنى كېسىپ تاشلاپ، زەھەر تورىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتى ئارقىلىق زەھەر چەكلەشتىن ئىبارەت خەلق ئۇرۇشىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتمەكتە.

ۋاڭ چىڭپىڭ: مەردانە قەھرىمانلىق ناخشىسىنى پۈتۈپ چىقىش

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شاڭخەي تېلېگراممىسى (مۇخبىر جيا چىلۇڭ) شاڭخەي جىڭبيېچۇ ھەربىي تارىخ سارىيىغا كىرگەندە، ۋاڭ چىڭپىڭنىڭ كەينىگە بۇرۇلۇپ كۈلۈپ تۇرغان چوڭ سۈرىتى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ.

ۋاڭ چىڭپىڭنىڭ سۈرىتى. ☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

ۋاڭ چىڭپىڭ، شاڭخەي جىڭبيېچۇ سىلىڭبۇسى خەۋەرلىشىش پونكىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچىسى ئىدى. 2005 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ۋاڭ چىڭپىڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنى راست گرانات تاشلاش مەشىقىگە تەشكىللىگەن. بىر جەڭچى ئىككىنچى گراناتنى تاشلىغاندا، گرانات ئېھتىياتسىزلىقتىن قولدىن چىقىپ كېتىپ، ئارقا ئوڭ تەرىپىگە تەخمىنەن بىر مېتىر كېلىدىغان يەرگە چۈشۈپ، گراناتتىن ئىس كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان. تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن خەتەرلىك ئەھۋالدا، چۆچۈپ كەتكەن جەڭچى ئىختىيارسىز يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالغان.

ۋاڭ چىڭپىڭ تېزدىن ئالدىغا ئۆتۈپ، ئىككى قولى بىلەن ئۇنى تۇتۇپ يوشۇرۇن خەندەك تەرەپكە تارتقان. جەڭچىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزى بەك تۆۋەن بولغاچقا، ۋاڭ چىڭپىڭ بىرىنچى قېتىم كۈچەپ تارتقاندا ئۇنى جايىدىن قوزغىتالمىغان. ھايات ـ ماماتلىق پەيتتە، ۋاڭ چىڭپىڭ قىلچە ئىككىلەنمەي ئوڭ تەرەپكە چوڭ بىر قەدەم تاشلاپ، جەڭچىنىڭ ئوڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆزىنى ئېتىپ، بەدىنى بىلەن ئۇنى قوغدىغان ھەمدە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى يوشۇرۇن خەندەك تەرەپكە ئىتتىرگەن ...

گۈم! پارتلاش ئاۋازىدىن كېيىن، جەڭچى قۇتۇلۇپ قالغان، ئالتە گرانات پارچىسى ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا ئۈلگۈرمىگەن ۋاڭ چىڭپىڭغا تەگكەن. گەرچە پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇلغان بولسىمۇ، 35 ياشلىق ۋاڭ چىڭپىڭنىڭ يارىسى ئېغىر بولغاچقا، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

ۋاڭ چىڭپىڭ ئىلگىرى كۆپ قېتىم راست گرانات تاشلاش مەشىقىنى تەشكىللىگەن، ئۇ گراناتنىڭ پارتلاش ۋاقتىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى. ئەينى چاغدا، يوشۇرۇن خەندەك ئۇنىڭ يېنىدىلا بولۇپ، پەقەت سولغا بىر قەدەم ئاتلىسىلا ئامان قالاتتى. لېكىن، جەڭچىنى قوغداش ئېڭى ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ساقلاش ئىقتىدارىدىن غالىب كەلگەن. ھايات ـ ماماتلىق خەتەرلىك پەيتتە، ئۇ كەسكىن تاللاش چىقارغان.

ۋاڭ چىڭپىڭ ھاياتى بەدىلىگە مەردانە قەھرىمانلىق ناخشىسىنى پۈتۈپ چىقتى.

ھەربىي سەپكە قاتناشقان 18 يىلدا، ۋاڭ چىڭپىڭ ئىككى قېتىم شەرەپ بىلەن 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، «شاڭخەي شەھىرى يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى» بولۇپ باھالانغان، «جۇڭگو ياشلىرى ‹4 ـ ماي› مېدالى»غا ئېرىشكەن. ئۇ كادىر بولغان 13 يىلدا، ئوخشاش بولمىغان ئالتە خىزمەت ئورنىغا ئالمىشىپ، ھەممە ئورۇندا ناھايىتى قالتىس ئىشلىگەن: خەۋەرلىشىش پونكىتى لىيەننىڭ جىداۋيۈەنى بولغاندا، ئۇدا ئالتە يىل ئىلغار بولۇپ باھالىنالمىغان ئورۇن شۇ يىللا ئىلغار بولغان؛ لىيەنجاڭ بولغان مەزگىلدە، لىيەندۈيگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بىر قېتىم كوللېكتىپ 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، ئىككى قېتىم كوللېكتىپ 2 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، ھەر يىلى ئىلغار لىيەندۈي بولۇپ باھالانغان. ئۇ تەشكىللەپ تەتقىق قىلىپ ئاچقان «مەن نومۇر يادلاشنى ياخشى كۆرىمەن» يۇمشاق دېتالى شاڭخەي جىڭبيېچۇ تەرىپىدىن پەن ـ تېخنىكا ھەربىي مەشىق نەتىجىلىرى بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك بولۇپ باھالانغان؛ كومپيۇتېردا سىزىلغان «خەۋەرلىشىش يول خەرىتىسى» شاڭخەيدە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ خەۋەرلىشىش سىستېمىسىنىڭ «نېرۋا مەركىزى خەرىتىسى»گە ئايلانغان؛ جەڭچىلەرنى باشلاپ تەتقىق قىلىپ ئاچقان «توك مەنبەسىنى يىراقتىن نازارەت قىلىش ـ كونترول قىلىش، سىگنال بېرىش سىستېمىسى» خىزمەت ئۈنۈمىنى 20 ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرگەن...

ۋاڭ چىڭپىڭ بىرىنچى سەپتىكى ئەسكەر يېتەكلىگۈچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، باشتىن ـ ئاخىر جەڭچىلەرنى ئۆز قېرىندىشىدەك كۆرگەن: يېڭى ئەسكەرلەر دەسلەپتە كەلگەندە، ئائىلىسىدىكىلەر ۋاڭ چىڭپىڭنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تارتقان سۈرەتلىرىنى تاپشۇرۇۋالغان؛ كونا ئەسكەرلەر ھەربىي سەپتىن چېكىنگەندە، ئۇ ئادەتتە كۆڭۈل قويۇپ يىغقان ھەربىي گازارمىدىكى تۇرمۇش سۈرەتلىرى ۋە سىن لېنتىسىنى ئالالايتتى. ھەر يىلى چاغاننىڭ ئالدىنقى كۈنى كېچىسى، ئۇ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر بىلەن بىللە چاغانلىق تاماق يېيىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، قاراۋۇلخانا، كومپيۇتېرخانىغا بېرىپ نۆۋەتچى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەردىن ھال ـ ئەھۋال سورىغان. ئۇ خەۋەرلىشىش پونكىتىدا مەدەنىيەت كەچلىك كۇرسى ئېچىپ، يەرلىك مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى جەڭچىلەرگە مەدەنىيەت دەرسى تەكرار قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان؛ جەڭچىلەرنىڭ ئۆگىنىش ماتېرىيالى كەمچىل بولسا، ئۇ ئالاقىلىشىپ كوللېكتىپ كىتاب ئارىيەت ئېلىش كىنىشكىسى بېجىرگەن؛ جەڭچىلەر كومپيۇتېر ئۆگەنمەكچى بولغاندا، ئۇ «لىيەندۈي كومپيۇتېر تەربىيەلەش مەركىزى»نى قۇرغان، لىيەندۈيدىكى كۆپلىگەن جەڭچى ھەربىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن، 100گە يېقىن جەڭچى ئوتتۇرا تېخنىكومدىن يۇقىرى دىپلومغا ئېرىشكەن.

«چىڭپىڭدىن ئۆگىنىپ، خىزمەت ئورنىنى سۆيۈپ، كەسپىنى قەدىرلەپ، سەرخىل قوشۇننى چىنىقتۇرۇش؛ چىڭپىڭدەك بولۇپ، ئۈچ چى ئاپپارات سۈپىسدا ياخشى نەتىجە يارىتىش؛ چىڭپىڭدىن ئۆگىنىپ، تاۋلىنىشقا جۈرئەت قىلىپ، خەۋەرلىشىش كاپالىتى بويىچە سەرخىل قوشۇن بەرپا قىلىش؛ كۈرەش ئىرادىسىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان لىيەندۈي قۇرۇپ چىقىش». ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر ۋاڭ چىڭپىڭ ھاياتى ۋاقتىدا تۇرغان قىسىمدا قەھرىماندىن ئۆگىنىش، قەھرىمان بولۇشتىن ئىبارەت كۈچ ئۇلاش تايىقىغا توختىماي ۋارىسلىق قىلماقتا...

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)